# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي

4

شەنبە

维吾尔文 4 月4日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25021 - سان بۈگۈن 4 بەت

گوۋۇيۈەننىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى

## 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەملىكەت خاراكتېرلىك تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا بولغان چوڭقۇر تەزىيەسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن بۈگۈن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەملىكەت خاراكتېرلىك تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەتتە ۋە چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلاردا بايراق يېرىم چۈشۈرۈلۈپ تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى توختىتىلىدۇ. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 10دىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچ مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ، ئاپتوموبىللار سىگنال چالىدۇ، پويىز، پاراخوتلار گۈدۈك چالىدۇ، ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى چېلىنىدۇ.

### شى جىنپىڭ پايتەختتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تاغلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، سۈزۈك سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى دائىم ساپ بولغان گۈزەل جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ۋۇ جىڭ، ياڭ يىجۈن)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پايتەختتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىۋاتقان، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىۋاتقان پەيتتە، بىز بىرلىكتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشكە قاتنىشىپ، ھەم ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق، ھەم تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، تەبىئەتنى ئاسرايدىغان ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ياشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى يېشىللىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، تىرىشىپ تاغلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، سۈزۈك سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى دائىم ساپ بولغان گۈزەل جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك.

ھاۋا ئېچىلىپ، ھەممە يەر باھار تۈسىگە كىرگەندە، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ياخشى مەزگىلى يېتىپ كەلدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار كوللېكتىپ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ داشىڭ رايونى جيۇگۇڭ بازىرىدىكى كۆچەت تىكىش نۇقتىسىغا كېلىپ، پايتەختتىكى ئامما بىلەن بىللە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بېيجىڭ شەھىرىنىڭ داشىڭ رايونى جيۇگۇڭ بازىرىغا كېلىپ پايتەختتىكى مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە كۆچەت تىكمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى ھەم نامىبىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن لائوس پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى، خەلقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن لائوس كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر، جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، يولداش باش شۇجى شۇ ھامان ماڭا خەت ئەۋەتىپ ھال سورىدى، لائوس جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەلەر جۇڭگو تەرەپكە قېرىنداشلارچە سەممىي ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى روھىنى جانلىق شەرھلەپ بەردى، جۇڭگو خەلقى بۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. ھازىر لائوس دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، مەن ئىنتايىن ئەنسىرىدىم. جۇڭگو تەرەپ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، لائوسقا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى ھەم داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، داۋاملىق لائوس تەرەپنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، يولداش باش شۇجى باشچىلىقىدىكى لائوس پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، لائوس خەلقى چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئاكتىپ سىگنالىنى تارقاتتى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق لائوسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، بالدۇرراق يۇقۇم ئۈستىدىن ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىشقا تۆھپە قوشىدۇ. جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، «جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ھەرىكەت پىلانى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - لائوس تۆمۈريولى، ئىقتىساد كارىدورى قاتارلىق مۇھىم زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئادەمىيەت ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر بولۇشىغا، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. كېلەر يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلىدىغان لائوس پارتىيەسى 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزدى

## تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەللىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى بۇ قېتىملىق كوللېكتىپ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

## ھەقىقىي قول سېلىپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، كەمتۈكلۈكلەر ۋە ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش نەق مەيدان ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى

## جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش نەق مەيدان ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر كەسىپلەر باغچە رايونى، ئىشلەپچىقىرىش سېكتورلىرى، قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى، مۇھىم، زور تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش، ئەۋزەل بايلىقلارنى ئايلاندۇرۇش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، كەسىپ تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا ئىگىلەپ، كارخانىلارنى كۆز ئالدىدىكى خىرىس، قىيىنچىلىقلار ئىچىدىن پۇرسەت تۇتۇشقا، پۇرسەت يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، پائال بازار ئېچىپ، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت، ھەرقايسى تارماقلار، شەھەر، ناھىيەلەردىكى مەسئۇل يولداشلار، بىرقىسىم دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، بىرمۇبىر جاۋاب بېرىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چېن چۈەنگو بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)